看图速成VB编程入门

# كومپيۇتېردا VB پروگرامما تۈزۈش ئۇسۇلىنى رەسىمگە قاراپ تېز ئۆگىنىش





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش بويىچە
ئۇچۇر تېخنىكىسىغا دائىر كىتابلار

# كومپيۇتېردا VB پروگراما تۈزۈش ئۇسۇلىنى رەسىمگە قاراپ تېز ئۆگىنىش

常州大学图书馆
藏书章

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

看图速成 VB 编程入门：维吾尔文 / 米尔夏提等编著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2010.2
ISBN 978-7-228-13212-6

Ⅰ.看… Ⅱ.米… Ⅲ.BASIC 语言—程序设计—图解
Ⅳ.TP312-64

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 018135 号

**编　　者**：米尔夏提·力提甫，居来体·米吉提，维尼拉·木沙江
**责任编辑**：依明江·艾木都拉
**责任校对**：热娜古丽
**出版行发**：新疆人民出版社
**地　　址**：乌鲁木齐市解放南路 348 号
**电　　话**：0991-2827472
**邮　　编**：830001
**印　　刷**：乌鲁木齐八家户彩印有限公司
**经　　销**：新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本**：880×1230 毫米　32 开本
**印　　张**：5.5 印张
**版　　次**：2010 年 2 月第 1 版
**印　　次**：2010 年 2 月第 1 次印刷
**印　　数**：1-3000
**定　　价**：12.00 元

# كومپيۇتېردا VB پروگراما تۈزۈش ئۇسۇلىنى رەسىمگە قاراپ تېز ئۆگىنىش


تۈزگۈچىلەر: مىرشات لېتىپ، جۈرئەت مىجىت، ۋىنىرا مۇسا

مەسئۇل مۇھەررىر: ئىمىنجان ھەمدۇللا

مەسئۇل كوررېكتور: رەناگۈل

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر

تېلېفون: 2827472 - 0991

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 5.5

نەشرى: 2010 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى

باسمىسى: 2010 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 3000-1

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-13212-6

باھاسى: 12.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب Visual Basic.NET بىلەن تونۇشۇش ....... 1**
1 § . Visual Basic.NET نى ئېچىش مۇھىتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش ............................ 1
2 § . Visual Basic.NET دا پروگرامما تۈزۈشتىكى زۆرۈر ئۇقۇملار ............................ 6
3 § . ئەمەلىي مىساللار ............................ 8

**ئىككىنچى باب پروگرامما تۈزۈش ئاساسلىرى ............16**
1 § . سانلىق مەلۇمات تىپى ............................16
2 § . تۇراقلىق مىقدار ۋە ئۆزگىرىشچان مىقدار ............17
3 § . سانلار گۇرۇپپىسى ............................19
4 § . مەشغۇلات بەلگىسى ۋە ئىپادە ............20
5 § . ئەمەلىي مەشغۇلات ............................23

**ئۈچىنچى باب پروگرامما قۇرۇلمىسى ............41**
1 § . تاللاش قۇرۇلما جۈملىسى ............................41
2 § . دەۋرىي جۈملە ............................45
3 § . ئۆزى ئېنىقلىما بېرىدىغان جەريان ۋە فۇنكسىيە ............49
4 § . ئەمەلىي مەشغۇلات ............................53

**تۆتىنچى باب كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك كونتروللىغۇچلار ............72**
1 § . قورال ساندۇقى ۋە كونتروللىغۇچ ............72



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

§ 2 . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كونتروللىغۇچلار ..................74
§ 3 . تىزىملىك ياساش ...........................................92
§4 .دىئالوگ رامكىسى كونتروللىغۇچىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى ......95
§ 5 . ئەمەلىي مەشغۇلات ............................ 101

بەشىنچى باب كۆپ دوكۇمېنت يۈزلۈك ( MDI )
قوللىنىشچان پروگراممىسىنى ئېچىش ............... 136
§ 1 . MDI باش كۆزنىكى ۋە تارماق كۆزنىكى ............ 136
§ 2 . كۆپ كۆزنەك مەشغۇلاتى ............................ 137
§ 3 . MDI ئەمەلىي مەشغۇلاتى ............................ 140

ئالتىنچى باب شەكىل قوللىنىشچان پروگراممىسىنى
تۈزۈش ................................................ 150
§ 1 . +GDI نىڭ ئىشلىتىلىشى ............................ 150
§ 2 . شەكىل قوللىنىشچان پروگراممىسىنى قۇرۇش ...... 153

# بىرىنچى باب Visual Basic.NET بىلەن تونۇشۇش

Visual Basic.NET بولسا، مىكروسوفت شىركىتى Visual Basic 6.0 ئاساسىدا، زۆرۈر ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن مەھسۇلات. ئۇنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك، قوللىنىشقا ئەپلىك، مەلۇم سىستېما مەنبەسىنى زىيارەت قىلىش ھوقۇقى تېخىمۇ چوڭ بولۇپ، ئوبيېكتقا يۈزلىنىش تېخنىكىسىنى پۈتۈنلەي قوللايدىغان بىر خىل پروگراما تۈزۈش تىلىدىن ئىبارەت.

## §1. Visual Basic.NET نى ئېچىش مۇھىتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش



بىز ئالدى بىلەن Visual Basic.NET نى ئېچىش مۇھىتى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

**1. باشلىنىش بېتى**

ئابونچى ھەر قېتىم Visual Basic.NET نى قوزغاتقاندا، ئالدى بىلەن




1.1 ـ رەسىم Visual Basic.NET نىڭ باشلىنىش بېتى

ئۇنىڭ باشلىنىش بېتى كۆرۈنىدۇ. باش بەت بولسا، باشتىكى تاللاش تۈرى، مەھسۇلات خەۋەرلىرىنى ئوقۇش، ھەمكارلاشقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە خاسلىقنى بەلگىلەش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. باش بەت يېپىق ئەھۋال ئاستىدا، «帮助→显示起始页» ( ياردەم ← باش بەتنى كۆرسىتىش ) بۇيرۇقى ئارقىلىق باشلىنىش بېتىنى قايتىدىن ئاچقىلى بولىدۇ. 1.1 ـ رەسىمدە Visual Basic.NET نىڭ باشلىنىش بېتى كۆرسىتىلدى.

### 2. لايىھىنى ھەل قىلىش مەنبە باشقۇرغۇچىسى

لايىھىنى ھەل قىلىش مەنبە باشقۇرغۇچىسى بولسا ئابۇنچى بىلەن لايىھىنى ھەل قىلىش ئارىسىدىكى ئۇلىنىش ئېغىزى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ھەل قىلىش لايىھىلىرىنىڭ تۈرلۈك رېئال ۋاقىتلىق ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئابۇنچىغا ئېچىلغان ھەل قىلىش لايىھىسىدىكى بارلىق ھۆججەتلەرنىڭ بىۋاسىتە كۆرۈنىدىغان ۋىدىئو سۈرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق چوڭ تىپتىكى مۇرەككەپ پروگراممىلارنى تۈزگەندە سەرپ بولىدىغان ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ كۆزنەكتە بىر تۈرنى يەنە بىر تۈر ئىچىگە يۆتكىگىلى، ھەل قىلىش لايىھىسى ۋە ھۆججەت خاسلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ. 2.1 ـ رەسىمدە لايىھىنى ھەل قىلىش مەنبە باشقۇرغۇچ كۆزنىكى كۆرسىتىلدى.




2.1 ـ رەسىم لايىھىنى ھەل قىلىش مەنبە باشقۇرغۇچ كۆزنىكى

### 3. قورال ساندۇقى

قورال ساندۇقىدا Visual Basic.NET تۈردە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل قوراللار كۆرسىتىلىدۇ. بۇ كۆزنەكتىكى قوراللار ئابۇنچىنىڭ ئوخشىمىغان لايىھىلىگۈچلەرنى ئىشلىتىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كۆرسىتىدىغان قوراللار يېڭى بىر ئەۋلاد سانلىق مەلۇماتلارنى زىيارەت قىلىش دېتالى، Windows نىڭ تىزىملىك كونترول دېتالى، Server، Web، ئۇلترا تېكىست بەلگە تىلى ئېلېمېنت ئوبيېكتى ۋە Windows




3.1 ـ رەسىم قورال ساندۇقى كۆزنىكى

كلىپ تاختىسىدىن كېلىدىغان قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3.1 ـ رەسىمدە قورال ساندۇقى كۆزنىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۇنۇپكا بولسا «显示→自动隐藏» ( كۆرسىتىش ← ئاپتوماتىك يوشۇرۇش ) ئارىسىدا ئالمىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**4. مۇلازىمېتىر مەنبە باشقۇرغۇچ كۆزنىكى**

ئۇ Visual Basic.NET نىڭ مۇلازىمېتىردا ئىچىلغان كونتروللاش بۆلەكچە سۈپىسى بولۇپ، ئۇ ئورتاق پايدىلىنىدىغان قورال كۆزنىكىدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە ئابونچىلارنىڭ پروگراما تۈزگەندە مۇلازىمېتىر دېتاللىرىدىن پايدىلىنىشىغا ۋە Visual Studio.NET دا قوللىنىش پروگراممىلىرىدىكى مەنبەلەرنى تولۇق ئىشلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى بولسا، مەلۇم دېتالنى ئىشلەتكەن مەنبەدىكى تۈرگە قوشۇش ياكى مەنبە پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىدىغان تەركىبلەرنى قۇرۇش، جۈملىدىن باشقا سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى بىلەن ئۇلىنىش قۇرۇش، مۇلازىمېتىر ئېۋېنتىنى يۈتكەپ ئىشلىتىش، 2000 Microsoft Exchange نى سەپلەش ياكى مەلۇم بىر قوللىنىش پروگراممىسىغا توپلاشتىن ئىبارەت. 4.1 ـ رەسىمدە مۇلازىمېتىر مەنبە باشقۇرغۇچ كۆزنىكى كۆرسىتىلدى.




4.1 ـ رەسىم مۇلازىمېتىر مەنبە باشقۇرغۇچ كۆزنىكى

**5. خاسلىق كۆزنىكى**

خاسلىق كۆزنىكى بىزنىڭ كۆزنەك لايىھىلەش ۋە دېتالنىڭ خاسلىقىنى بەلگىلىشىمىزگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئوخشاشمىغان دېتالغا ماس بولغان خاسلىق كۆزنىكمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ كۆزنەكتە، تۈرلۈك خاسلىقلارنى ناھايىتى ئاسانلا بەلگىلەپ، سەرپ بولىدىغان ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. ئەگەر، بۇ كۆزنەك يېپىقلىق بولسا «视图→属性窗口» ( ۋىدىئو سۈرىتى ←

خاسلىق كۆزنىكى ) نامىلىق بۇيرۇق ياكى F4 كۇنۇپكىسى ئارقىلىق ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. 5.1 ـ رەسىمدە روجەكنىڭ خاسلىق كۆزنىكى كۆرسىتىلدى.

### 6. لايىھىلىگۈچ كۆزنىكى

يېڭىدىن بىر قوللىنىشچان Windows پروگراممىسىنى قۇرغاندا، پروگراممىدا ئابونچىغا ئاپتوماتىك ھالدا بىر Form1 نامىلىق لايىھىلىگۈچ كۆزنىكىنى ھاسىل قىلىپ بېرىدۇ. ئابونچىغا نىسبەتەن ئۇنى بىر سەھنە دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئابونچى بۇ سەھنىدە ۋەزىپىلەرنى تاماملايدۇ. ئابونچى ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، دېكوراتسىيىسى، خەت شەكلى، تېما قاتارلىق خاسلىقلىرىنى تەڭشىسە بولىدۇ. 6.1 ـ رەسىمدە لايىھىلىگۈچ كۆزنىكى، يەنى روجەك كۆرسىتىلدى.




5.1 ـ رەسىم روجەكنىڭ خاسلىق كۆزنىكى




6.1 ـ رەسىم لايىھىلىگۈچ كۆزنىكى

### 7. كود كۆزنىكى

روجەككە ناھايىتى كۆپ كونترول كۇنۇپكىلىرىنى قويۇشقا بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابونچى ئارزۇ قىلغاندەك ئىجرا بولۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ كونترول كۇنۇپكىلىرىغا پروگرامما يېزىش ئارقىلىق، كود كۆزنىكىگە بىر قىسىم پروگرامما كودلىرىنى قوشۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلغىلى، بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى

4

ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئابونچىنىڭ ئارزۇلىغىنىدەك مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. Visual Basic.NET بىر خىل تېپتىكى دەرەخسىمان قۇرۇلما ئارقىلىق كودلارنى تەشكىللەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى كودلىغۇچىلارنى بىرلەشتۈرگىلى، بۇ ئارقىلىق روجەك بوشلۇقىنى تېجىگىلى بولىدۇ، باشقۇرۇشقىمۇ قۇلايلىق. 7.1 ـ رەسىمدە كود كۆزنىكى كۆرسىتىلدى.




7.1 ـ رەسىم كود كۆزنىكى



«.NET Framework» بىلەن Visual Basic.NET قارىماققا مۇستەقىل قىسىمدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. Visual Basic.NET بولسا مىكروسوفتنىڭ «.NET Framework» مۇھىتىدا ئىجرا قىلىنىدۇ، يەنى Visual Basic.NET بولسا «.NET Framework» قا تايىنىدۇ.

شۇڭا، مۇكەممەل بولغان Visaual Basic.NET سۇپىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم Visual Studio.NET بىلەن «.NET Framework SDK» نى قاچىلاش كېرەك. بۇ كىتابتىكى بارلىق پروگراممىلار مۇشۇ خىل سۇپىدا تۈزۈلدى ۋە ئىجرا قىلىندى. لېكىن، تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ «Visual Studio2005» ۋە «Visual Studio2008» نەشر نۇسخىلىرى بازارغا سېلىندى. سىز كومپيۇتېرىڭىزغا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېڭىسىنى قاچىلاپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# §2. Visual Basic.NET دا پروگرامما تۈزۈشتىكى زۆرۈر ئۇقۇملار

گەرچە بىز Visual Basic.NET نىڭ پروگرامما تۈزۈش مۇھىتى بىلەن تونۇشقان بولساقمۇ، ئەمما Visual Basic.NET دىن ئىبارەت بۇ بىر كۈچلۈك پروگرامما تۈزۈش قورالىنى ئىشلىتىپ، قوللىنىشچان پروگراممىلارنى تۈزگەندە، يەنە بىر قىسىم زۆرۈر بولغان ئۇقۇملارنى پىششىق ئىگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

1. «.NET» تىپ ئامبىرى

تىپ دېگىنىمىز بىر گۇرۇپپا ئوخشاش سانلىق مىقدار قۇرۇلمىسى ۋە ئوخشاش مەشغۇلاتقا ئىگە بولغان توپلامدىن ئىبارەت ، ئۇ ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىر تۈردىكى ئوبيېكتلارنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇلۇشى، بىر قىسىم ئوبيېكتلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. مىكروسوفت شىركىتى «.NET» سۈپىتى ئۈچۈن نۇرغۇن تىپلارنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئابۇنچىلارنىڭ ئۇلارنى بىۋاسىتە يۆتكەپ ئىشلىتىشكە قولايلىق يارىتىلغان.

نۇرغۇن تىپ، ئوبيېكت، خاسلىق ۋە ئۇسۇللارنى بىر يەرگە يىغقاندا بىر ئاتالغۇ بوشلۇقىنى تەشكىل قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتالغۇ بوشلۇقى دەل بىر تىپ ئامبىرىدىن ئىبارەت. ئابۇنچى بۇلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆزنىكىنى سەرخىللاشتۇرالايدۇ ياكى پروگراممىسىنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتەلەيدۇ. مەسىلەن، قۇرۇلغان قوللىنىشچان پروگراممىدىكى بارلىق روجەكلەرنىڭ ھەممىسى System.Windows.Forms دىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ بوشلۇقىدىكى Form تىپىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

2. Windows كۆزنەك پروگراممىسى

Windows مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى كۆزنەك، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى DOS مەشغۇلات سىستېمىسىغا قارىغان-

دا تېخىمۇ چىرايلىق. Visual Basic.NET دە، كۆزنەك بولسا بىر سۇپا، ئا-بۇنىڭچى ھەر خىل كونتروللىغۇچ ( كونترول قىلغۇچى دېتال ) لارنى بۇ كۆزنەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئەمەلىي قوللى-نىشچانلىققا ئىگە Windows قوللىنىشچان پروگراممىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

3. كونتروللىغۇچ

كونتروللىغۇچ تېز ئۆزلەشتۈرۈش ( ئېچىش ) قورالى ( RAD ) دا دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ قوراللاردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېپ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار قورال ساندۇقىغا قويۇپ قويىلىدۇ. بەزى ئۆزلەشتۈرۈش ( ئېچىش ) قوراللىرىدا ئۇلار يۈز تاختىسىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن. ئابۇنىڭچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەت مائۇسنى يۆتكەپ ئۇنى چەكسىلا كۆزنەكتە ھەر خىل كونكرېت ئوبيېكتلار پەيدا بولىدۇ ـ دە، مۇرەككەپ كودلارنى يەنە يېزىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قال-مايدۇ، كونتروللىغۇچنىڭ مەيدانغا كېلىشى پروگرامما تۈزۈش جەريانىنى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇردى.



4. خاسلىق

خاسلىق قوللىنىشچان پروگراممىلارنى ئاچقاندا ناھايىتى مۇھىم، ئۇ ئاساسلىقى ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. مەسى-لەن، كونتروللىغۇچنىڭ ئىسمى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئالدى كۆرۈنۈشى، دېكوراتسىيە رەڭگى ۋە باشقىلار. خاسلىق ئابۇنىڭچىغا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، خاسلىق كۆزنىكىدە ئۇنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ ياكى پ-روگرامما ئارقىلىق خاسلىق قىممىتىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ.

5. ۋەقە ( event )

« NET.» دا، ۋەقە تېپىنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. Windows سىس-تېمىسىدا، ئابۇنىڭچىنىڭ روجەكتىكى ھەر خىل مەشغۇلاتلىرى مۇقەررەر ھالدا بىر ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، روجەكنى چېكىش، تېكىست رامكىسىدىكى قىممەتنى ئۆزگەرتىش، رامكىدىكى تۈرنى تاللاش قاتارلىقلار.

« NET. » دا، ئاچقۇچلۇق سۆز event ئارقىلىق ۋەقەگە ئېنىقلىما بېرە-

لىدۇ. Windows قوللىنىشچان پروگراممىسىدا، ھەربىر كونتروللىغۇچ-نىڭ نۇرغۇن ۋەقەلىرى بولىدۇ. پروگرامما تۈزگۈچى ۋەقەلىكنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى يېزىش ئارقىلىق پروگراممىنى كونترول قىلىدۇ ھەمدە ئادەم بىلەن ماشىنا ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

## 3 §. ئەمەلىي مىساللار

### 1. «Hello World !» نى كۆرسىتىش

**[تەلەپ]** نۆۋەتتىكى كۆزنەكتە «Hello World !» دېگەن بىر قۇر خەتنى كۆرسىتىش.

**[قەدەم باسقۇچلار]**

**بىرىنچى باسقۇچ:** يېڭىدىن بىر تۈر قۇرۇش.

Visual Basic.NET نى قوزغاتقاندىن كېيىن، دەسلەپكى بېتىدىكى «新建项目» (يېڭىدىن تۈر قۇرۇش) كۇنۇپكىسىنى تاللاپ ئۇنىڭ كۆزنىكىنى ئاچىمىز.

(1) «项目类型» (تۈر تىپى) ئىستونىدىن «Visual Basic 项目» تۈرىنى تاللايمىز.

(2) «模板» (قېلىپ) ئىستونىدىن «Windows 应用程序» نى تاللايمىز.

(3) «位置» (ئورنى) دېگەن جاينى چېكىپ، «浏览» (كۆزدىن كەچۈرۈش) كۇنۇپكىسىنى چېكىپ، تۈرنى ساقلايدىغان يولنى تاللىۋالىمىز.

(4) «名称» (نامى) دېگەن جايغا «1_1_vbapp» نى كىرگۈزۈپ، ئاندىن «确定» (جەزملەشتۈرۈش) كۇنۇپكىسىنى چېكىمىز، بۇ ۋاقىتتا، «1_1_vbapp»ناملىق ھەل قىلىش لايىھىسى ئاپتوماتىك ھاسىل بولىدۇ.

(5) «更多» (تېخىمۇ كۆپ) ناملىق كۇنۇپكىنى چېكىپ، «创建解决方案目录» (ھەل قىلىش لايىھىسى مۇندەرىجىسىنى قۇرۇش) تۈرىنى تاللىساق ھەل قىلىش لايىھىسىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

**ئىككىنچى باسقۇچ:** كۆزنەك خاسلىقىنى بەلگىلەش.

Visual Basic.NET ئابونىچىلار ئۇچۇن ئاپتوماتىك ھالدا Form1 ناملىق قۇرۇق كۆزنەكنى ھاسىل قىلىپ بېرىدۇ، ئابونچى ئۇنىڭ بىر قىسىم خاسلىقلىرىنى بەلگىلەپ، كۆزنەكنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلسا بولىدۇ. بۇ باسقۇچنى تاماملاشتا، خاسلىق كۆزنىكىنى بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

سىنبەلگە ھۆججىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن نامى « ico.». ۋەزىپە ئىستونىدىكى « 开始→搜索» ( باشلاش ← ئىزدەش ) بۇيرۇقى ئارقىلىق، « 所有文件和文件夹» ( بارلىق ھۆججەت ۋە ھۆججەت قىسقۇچلار ) تۈرىنى چېكىپ، تېكىست رامكىسىغا « 0.ico » نى كىرگۈزۈش ئارقىلىق سىنبەلگە ھۆججىتىنى ئىزدىگىلى ۋە بۇلارنى مەزكۇر ھەل قىلىش لايىھىسى جايلاشقان پروگرامما ھۆججىتى قىسقۇچىغا كۆچۈرۈپ ئەكىرگىلى بولىدۇ. ئېچىلغان خاسلىق كۆزنىكىدە، كۆزنەكنىڭ خاسلىقىنى ئىزدەشكە بولىدۇ. كۆزنەكنىڭ خاسلىقىنى بەلگىلەش 1.1 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.



1.1 ـ جەدۋەل كۆزنەكنىڭ خاسلىقىنى بەلگىلەش

| خاسلىق ئىسمى | خاسلىق قىممىتى | خاسلىقنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى |
|---|---|---|
| Name | Form1 | نۆۋەتتىكى كۆزنەك نامىنى بەلگىلەش |
| Text | بىرىنچى كۆزنەك قوللىنىشچان پروگراممىسى | كۆزنەك باش تېمىسىنى بەلگىلەش |
| Icon | Face02.ico | كۆزنەك سول تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىكىدىكى سىنبەلگىنى بەلگىلەش |
| StartPosition | Center Screen | كۆزنەكنىڭ كۆرسىتىلىش ئورنىنى ئۆزگەرتىش |

**ئۈچىنچى باسقۇچ:** قورال ساندۇقىدىكى Label كونتروللىغۇچنى نۆۋەتتىكى لايىھە كۆزنىكىنىڭ ئۈستىگە سۆرەك ياكى قورال ساندۇقىدا بۇ كونتروللىغۇچنى چەكسەكمۇ Label1 نى كۆزنەكتە ئاپتوماتىك ھاسىل

قىلالايمىز. بۇ مىسالدا، بۇ كونتروللىغۇچ ئارقىلىق نۆۋەتتىكى كۆزنەكتە بىر قۇر خەتنى كۆرسىتىمىز. ئېتىكېتكا رامكىسىنىڭ خاسلىقىنى بەلگىلەش 2.1 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

2.1 ـ جەدۋەل ئېتىكېتكا خاسلىقىنى بەلگىلەش

| خاسلىق نامى | خاسلىق قىممىتى | خاسلىقنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى |
|---|---|---|
| Size | 224,40 | ئېتىكېتكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى بەلگىلەش ( چوڭ ـ كىچىكلىكى ئېھتىياجغا قاراپ تەڭشىلىدۇ ) |
| BackColor | Blue | بۇ كونتروللىغۇچنىڭ دېكوراتسىيە رەڭگىنى بەلگىلەش |
| Text | Hello World ! | ئېتىكېتكىدا كۆرسىتىلىدىغان مەزمۇننى بەلگىلەش |
| Font | ئاق خەت نۇسخىسى ( 宋体 )، 24pt | ئېتىكېتكىدا كۆرسىتىلگەن مەزمۇننىڭ خەت نۇسخىسىنى بەلگىلەش |

**تۆتىنچى باسقۇچ:** كۆزنەكنىڭ قوللىنىشچان پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش.

Visual Basic.NET نىڭ بىر قوللىنىشچان پروگراممىنى ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل بولىدۇ:

( 1 ) « 调试 → 启动 » ( تەڭشەش ← قوزغاش ) بۇيرۇقىنى تاللاپ، پروگراممىنى ئىجرا قىلىش.

( 2 ) F5 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، پروگراممىنى ئىجرا قىلىش.

( 3 ) قورال ئىستونىدىكى ▶ قورال كۇنۇپكىسىنى چېكىپ، پروگراممىنى ئىجرا قىلىش.

ئىجرا قىلغان روجەكتە « Hello world ! » خەت كۆرسىتىلىدۇ.

## 2. يېزىق مەزمۇنىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش

**[تەلەپ]** بىر كۇنۇپكىنى چېكىپ، كۆزنەكتىكى ئىككى تېكىست رامكىسىغا يېزىلغان مەزمۇن ئۆزئارا ئالمىشىدىغان قىلىش.

**[قەدەم باسقۇچلار]**

**بىرىنچى باسقۇچ:** «文件→新建» ( ھۆججەت ← يېڭىدىن قۇرۇش ) بۇيرۇقىنى چېكىپ، «新建项目» ( يېڭىدىن تۈر قۇرۇش ) دىئالوگ رامكىسىنى ئېچىپ، «位置» ( ئورنى ) دېگەن ئورۇندىكى «浏览» ( كۆز يۈگۈرتۈش ) كۇنۇپكىسىنى چېكىپ، بۇ تۈرنىڭ ساقلىنىش ئورنىنى تاللايمىز. «名称» ( نامى ) دېگەن ئورۇنغا تۈر نامى «2 ـ 1ـ vbapp» نى كىرگۈزۈپ «确定» ( جەزملەشتۈرۈش ) كۇنۇپكىسىنى چېكىمىز. كۆزنەكنىڭ Font خاسلىقىنى بەلگىلەپ، «字体» ( خەت نۇسخىسى )، «字形» ( خەت شەكلى )، «大小» ( چوڭ ـ كىچىكلىكى ) نىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىمىز. بۇ باسقۇچ ھەرقايسى ئەمەلىي مىساللاردا تەكرارلىنىدىغان بولغاچقا بۇنىڭدىن كېيىن قىسقارتىپ بايان قىلىمىز.

كۆزنەكنىڭ بىر قىسىم خاسلىقلىرىنى 3.1 ـ جەدۋەلگە كۆرسىتىلگەن بويىچە بەلگىلەيمىز.

3.1 ـ جەدۋەل كۆزنەك خاسلىقىنى بەلگىلەش

| خاسلىق نامى | خاسلىق قىممىتى | خاسلىقنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى |
|---|---|---|
| Name | frmchange | نۆۋەتتىكى كۆزنەكنىڭ نامىنى بەلگىلەش |
| Text | ئىككى تېكىست رامكىسىدىكى مەزمۇننى ئالماشتۇرۇش | كۆزنەك تېمىسىنى بەلگىلەش |
| StartPosition | CenterScreen | كۆزنەكنىڭ كۆرۈنۈش ئورنىنى ئۆزگەرتىش |



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com